# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرەيلى

(بېشى 1-بەتتە)

ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى كۆچەپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان-ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان-ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىگە بىرقەدەر زور زەربە ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ھازىر پۈتۈن يەر شارىدا يۇقۇم تېز سۈرئەتتە تارقىلىپ، يامراپ، دۇنيا ئىقتىساد-سودىسىغا ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلدى، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئامىللار دەستىلىنىپ كەتتى، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلما ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ماكرولۇق سىياسەت ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان-ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش كېرەك.

چېگرا ئىچىدە يۇقۇم ۋەزىيىتى پەسىيىشكە يۈزلەنگەندىن كېيىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قانداق قىلىپ بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاش ناھايىتى چوڭ خىرىس بولۇۋاتىدۇ. ھەم ئوخشىمىغان رايونلارغا «بىر تاياقتا ھەيدەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، ھەم ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا، قىلغان ئەجىرنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ پەرقلىق ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالغا قارىتىلغان. بۇنىڭدىكى ھالقىلىق سۆز «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش». چېگرا ئىچىدە يۇقۇمنىڭ ھېلىھەم «قايتا باش كۆتۈرۈش» خەۋپى بار، چېگرا سىرتىدا يۇقۇم داۋاملىق تېز سۈرئەتتە تارقىلىپ، يامراۋاتىدۇ، كىرىش بېسىمى سىجىل ئېشىۋاتىدۇ، پەقەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىخەتەر، مۇقىم ئالدىنقى شەرت ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش دېگەنلىك، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى يۇقۇم يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تاكتىكىسى ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا باش كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىش ھالىتىنى ساقلاشتۇر. ئىچكى جەھەتتە قايتا باش كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ۋاقتىدا بايقاش، تېز سۈرئەتتە بىرتەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش-تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش-داۋالاشتەك دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر مەلۇم قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاش تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، پورتلاردا سەھىيە، كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، چېگرادىن كىرىش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، چېگرادىن كىرگەن كىشىلەرنى مەركەزلىك ئايرىۋېتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەۋپ-خەتەر مەنبەسى، خەۋپ-خەتەر نۇقتىسىنى تېز، دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈپ ۋە باشقۇرۇپ-تىزگىنلەپ، پۇختا مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ماكرولۇق سىياسەتنى تەڭشەش ۋە يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ ئاكتىپ، نەتىجىلىك قىلىپ، مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى تېخىمۇ جانلىق، مۇۋاپىق قىلىپ، يۆرۈشچانلىقىنىڭ مۇۋاپىق، يېتەرلىك بولۇشىنى ساقلاپ، تۈرلۈك باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى دەل جايىدا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. يەرلىك ۋە كارخانىلار ئىنكاس قىلغان قىيىن نۇقتا، توسقۇن نۇقتا مەسىلىلىرىگە قارىتا، رەتكە سېلىش، تەھلىل قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقتىدا كۆچەپ ھەل قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش بىلەن ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مەۋقەنى دۆلەت ئىچى بازىرىغا تېخىمۇ كۆپ قويۇپ، دۆلەت ئىچى بازىرى ئېھتىياجىنى قويۇۋېتىشنى تېزلىتىپ، ئاھالىلەر ئىستېمالىنى كېڭەيتىپ، ئاممىۋى ئىستېمالنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي دۇكان ئىستېمالىنى قوزغىتىپ، توردا يېڭىچە ئىستېمال قىزغىنلىقىنىڭ پەسىيىمەسلىكىنى ساقلاپ، ئىشنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۇرمۇش، مۇلازىمەت كەسپىدە نورمال تىجارەت قىلىشقا تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇش كېرەك. بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي تاماملاپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، ئەستايىدىل بولۇپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ، خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان-ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ھازىر، ھەرقايسى جايلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ «تېزلىتىش كۇنۇپكىسى»نى بېسىپ، تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بەردى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خەۋپنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولغاندىلا، بىز چوقۇم بارلىق قىيىنچىلىق، خىرىسلارنى يېڭىپ، توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

**(3-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1-بەتتە)

ئالتاي-كۆكتوقاي-شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى رېلىس ياتقۇزۇش تۈر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى جياڭ جىشېڭ مۇنداق دېدى: «بىز قۇرۇلۇش تەشكىللەش لايىھەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماتېرىياللارنى مەيدانغا كىرگۈزۈشكە ئىلمىي تەشكىللەش، قوش ئىسمېنا مەشغۇلاتى قوللىنىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، رېلىس ياتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

ئالتاي-كۆكتوقاي-شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو تۆمۈريول شىركىتى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى مەخسۇس ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش لايىھەسى تۈزۈپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى باھالاش، خادىملارنى تەربىيەلەش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى، ھەم مەخسۇس پويىز سېلىپ قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلاردىكى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان خادىملارنى تېز سۈرئەتتە شىنجاڭغا قايتىشقا تەشكىللىدى.

ئالتاي-كۆكتوقاي-شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان شىمالىي يولىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، شىمالىي ئالتاي تۆمۈريولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئالتاي شەھىرىدىن باشلىنىپ، ئاخىرىدا شەرقىي جۇڭغار شىمالىي بېكىتىگە بارىدۇ، شىمالىي ئۇچى ئۈرۈمچى (شىمالىي) — جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولىغا تۇتىشىدۇ، لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 427 كىلومېتىر بولۇپ، يېڭىدىن 12 بېكەت قۇرۇلىدۇ. پۈتۈن لىنىيەدە بۇ يىل 8-ئايدا قاتناش باشلاش پىلانلانغان بولۇپ، شۇ چاغدا كۆيتۇن-بېيتۈن تۆمۈريولى، لەنجۇ-شىنجاڭ لىنىيەسى، ئۈرۈمچى-جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى بارلىققا كېلىدۇ، بۇ، رايون يول تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، لىنىيە بويىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 1-بەتتە)

پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇ شيەنجۈن مۇنداق دېدى: «بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى يېتەرلىك تەييارلاپ قويدۇق، قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا ھەر كۈنى كۆپ قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىمىز، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ماسكا تاقايدۇ ھەم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ۋاقتىدا ئۆلچەيدۇ، سىرتتىن كىرگەن-چىققان ئاپتوموبىللارنى تىزىملاپ، شوپۇرلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيمىز. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىپ يۇقۇم دەخلى قىلغان قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تىرىشىپ قايتۇرۇپ كېلىمىز».

ئاقچى-سەككىزتاش تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئاقچى ناھىيەسىدە بولۇپ، ئاخىرقى نۇقتىسى ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزىسى قىلىنغان، لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 254.8 كىلومېتىر، پۈتۈن لىنىيە قوش يۆنىلىشلىك ئىككى ئاپتوموبىل يولىنىڭ 2-دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بويىچە ياسىلىدۇ. بۇ تۈر ئاقچى ناھىيەسىنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش ۋە كۈندىلىك سەپەرگە چىقىشتىكى مۇھىم تاشيول بولۇپ، ئاقچى ناھىيەسى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ يول يۈرۈش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش، دۆلەت تاشيول تورى ۋە شىنجاڭ غول لىنىيە تاشيول تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يول بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە پائال ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگە.

ئىلگىرى ئاقچى ناھىيەسىدىن ئاتۇش شەھىرىگىچە بولغان يولنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن، قاتناش ئەھۋالى مۇرەككەپ، قاتناش قولايسىز ئىدى. بۇ تۈر تاماملانغاندىن كېيىن، ئىككى جاينىڭ تاشيول دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، مۇساپە بىر سائەت ئەتراپىدا قىسقىرايدۇ.

---

(بېشى 1-بەتتە)

3-ئاينىڭ 30-كۈنى، شىنجاڭ شىنيەن مۇشىن پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇراشتۇرۇش سېخىدا، مۇخبىر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى ئىشچىلارنىڭ ماسكا تاقاپ، يەر ئاغدۇرۇش-رەتلەش ئۈسكۈنىسى ۋە كۆممىقوناق يىغىش ماشىنىسى جازىسىنى ئالدىن قۇراشتۇرۇش ھەمدە موتور، ئاساسىي ھەرىكەت ئۆزگەرتىش ئوقى قاتارلىقلارنى قۇراشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ شىركەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇراشتۇرۇش ئىسمېنا-گۇرۇپپىسى 1-بەنىنىڭ بەنجاڭى ياڭ فېي مۇنداق دېدى: «بۇ بىر تۈركۈم 200 كۆممىقوناق يىغىش ماشىنىسى زاكاز ۋەزىپىسىنى ئىمكانقەدەر تېز تاماملاش ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ، قەرەلىدە خېرىدارغا تاپشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ».

بۇ شىركەتنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى شۈ جياۋېن مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقۇم مەزگىلىدە، شىركەت توردا زاكاز قوبۇل قىلىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تورى ۋە كارخانا تور بېكىتى ئارقىلىق توردا زاكاز قوبۇل قىلىپ، 1-پەسىلدە 400 زاكاز تالونى قوبۇل قىلدى، بۇ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30% ئەتراپىدا ئاشتى. بۇ يىل تۈرلۈك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىدىن 1800نى ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى تاماملايدۇ. بۇ شىركەت يەنە ئەقلىي ئىقتىدارلىق كونترول قىلىش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ماشىنا-ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى سۇيۇقلۇقىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكىسىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆممىقوناق يىغىش ماشىنىسى، لازا ئۈزۈش ماشىنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا قارىتا يىراقتىن مەشغۇلات قىلىش، ئاسراش ۋە ئارقا سەپ سانلىق مەلۇمات باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تېخىمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا تولۇق تايىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئاساسىي كەسپىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېكسپورت قىلىش ئاساس قىلىنغان خەلقئارالاشقان سەۋىيەگە ئىگە چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، شىنجاڭ خەيجۇاڭ شامال ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاساسىي ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىكى ئىشچىلار ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن قوبۇل قىلىنغان زاكاز ۋەزىپىسىنى ئىشلەۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ خەيجۇاڭ شامال ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى بوش قالغان ئىش ئورنىغا خادىم تولۇقلاش ۋە ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، قىسقا ۋاقىتتا تولۇق يۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاش ئۈچۈن، قومۇل شەھىرى كارخانىلار توك ھەققىنىڭ 5%نى كېمەيتىپ، كەچۈرۈم قىلىپلا قالماي، يەنە مەخسۇس ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىش ئورنىغا قايتقان خادىملارنى ئاپىرىپ ئەكەلدى. قومۇل ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ شامال ئېلېكتىر ياسىمچىلىق بازىسى بولۇپ، شامال ئېلېكتىر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 10 مىليون كىلوۋاتتىن ئېشىپ، شامال ئېنېرگىيەسىدىن توك چىقىرىش ياندىش شامالدۇرغۇچى، مۇنار سىلىندىرى، چاقپەلەك قاناتى، فلانېس، ماشىنا بۆلمىسى قېپى قاتارلىق جابدۇقلارنى ياساش پۈتۈن يۈرۈشلۈك كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى، بۇ يىل سېتىش سوممىسىنى 30 مىليارد يۈەندىن ئاشۇرۇش مۆلچەرلەندى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى. يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى «ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ كارخانىدا تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش ۋە نۇقتىلىق سانائەت تۈرلىرى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىش-يۆلەش خىزمەت لايىھەسى»نى تۈزۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق مەركەز كارخانىلىرى، تايانچ يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ «بىرگە بىر» ئالاقىلىشىش خادىمى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كارخانىلاردا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىش-يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش جەريانىدا ساقلانغان كونكرېت مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىقتىسادىغا بولغان زەربىسىنى يەنىمۇ تۆۋەنلەتتى. 1-ئايدىن 2-ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.7% تۆۋەنلەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 12.8 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

بىر نەپەر كارخانا مەسئۇلىدىن ئىبارەت «تۆت بىر» ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت سىستېمىسى ئورنىتىپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ «ئاتاكا سىگنالى»نى ئومۇميۈزلۈك ياڭراتتى. بۇ ناھىيەدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پارتىيە كومىتېتى (پارتىيە گۇرۇپپىسى) قاتارلىق كۆپ تەرەپ بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە كارخانىلاردا تۇرىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالاقىچىسىدىن 19نى تاللاپ ئەۋەتىپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى، ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتىدىن 12نى تەشكىللەپ قۇرۇپ، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتىكى جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا يېتەكلەپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدى.

## مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلىش

«يۇقۇم يۈزبەرگەن ئەھۋالدا تىجارەت باشلاشتا ئەڭ قىيىن بولغىنى مەبلەغ ئوبوروتى مەسىلىسى بولدى، سىناپ بېقىش پوزىتسىيەسىدە مەن مەھەللە كادىرلىرى تەۋسىيە قىلغان قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ يەككە سودا-سانائەتچىلەر ‹ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەرز پۇل› كەسپىگە ئىلتىماس قىلدىم، ئويلىمىغان يەردىن تېزلا 80 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ، كۆز ئالدىمدىكى جىددىي ئىشنى ھەل قىلدىم» دېدى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى خاۋخاۋ قولايلىق دۇكىنىنىڭ ئىگىسى چېن جىن.

چېن جىن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى بىرلىكتە چىقارغان يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق رەنىسىز، كېپىلسىز قەرز پۇلى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى. سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 1-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە، شىنجاڭ بانكىچىلىق ئاپپاراتلىرى ئومۇم ۋە شەخسلەرنى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش بويىچە جەمئىي 289 مىليارد 344 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن، 260 مىڭ 100 قېتىم قەرز پۇل تارقاتقان، جەمئىي تارقاتقان سومما 95 مىليارد 639 مىليون يۈەن بولغان.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ كۈيرەن مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، ئىدارە پارتىيە گۇرۇپپىسى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەسىلىلەرنى يۈزتۇرا ھەل قىلىپ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل كۆلىمىنى كېڭەيتىش، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭ ئۇچرىغان كارخانىلارغا نۇقتىلىق مۇلازىمەت قىلىش، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىپ، بانكا ۋە كارخانىلارنى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ».

كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىلى ئوبلاستلىق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى سەرخىل خادىملارنى تەشكىللەپ، مۇلازىمەت مەخسۇس بەنى قۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلارغا «نۇقتىدىن نۇقتىغا» مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇردى، 2-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 28-كۈنىگىچە جەمئىي 232 كارخانىنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، 2300 خىزمەت ئىزدىگۈچىنىڭ ئىشچى ئىشلەتكۈچى كارخانا بىلەن ئۇدۇللىشىشىغا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك قاندۇردى.

## باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇش ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن تۇتۇش

«ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، مۆلچەرلىنىشچە 3-ئايدا بىزنىڭ پولى كرېستاللىق كرېمنىي مەھسۇلاتىمىزنى 3500 توننىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ» دېدى 3-ئاينىڭ 26-كۈنى، شىنجاڭ شيېشىن يېڭى ئېنېرگىيە خام ماتېرىياللىرى پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتور لى لى ئىشلەپچىقىرىش مەلۇمات جەدۋىلىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ. تۇيۇقسىز كەلگەن يۇقۇم بۇ شىركەتكە خام ئەشيا كەمچىل بولۇش، مەھسۇلات بېسىلىپ قېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئالاھىدە مەزگىلدە، بۇ شىركەت پارتىيە كومىتېتى «قىيىنچىلىق پەقەت ۋاقىتلىق، پارتىيە كومىتېتى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، جاپالىق مەزگىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنى قايتا تېزدىن تۇتۇش كېرەك» دېگەن ئىدىيەۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى، 135 نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئاۋانگارت بولۇپ، زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ، نورمال ئايلىنىشقا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى.

بىر پارتىيە ئەزاسى بىر بايراق. شىنجاڭ تيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ماشىنىلار گۈرۈلدەپ، ھەممە ئالدىراش ئىدى. «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش ئورنى» دېگەن بەلگىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى. تىكىش سېخى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە، پارتىيە ئەزاسى گاۋ شۆجىڭ خىزمەتچىلەرگە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، زاكازغا ئۈلگۈرتۈش ئۈچۈن، چاغاننىڭ تۆتىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى. «پارتىيە ئەزالىرى ھالقىلىق پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاتاكىغا ئۆتۈپ، شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى كېرەك» دېدى گاۋ شۆجىڭ.

بۇ يىل، تيانشان توقۇمىچىلىقنىڭ زاكازى بۇلتۇرقىغا قارىغاندا سەل-پەل كۆپەيدى، جاپالىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىگە قارىتا، 300گە يېقىن پارتىيە ئەزاسى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، تۈۋىت يۇيۇش، بوياش، ئېگىرىش، توقۇش قاتارلىق ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىنى تەرتىپلىك ئېلىپ باردى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تۈرتكىسىدە كۆپچىلىك تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، ئارقىدا قالغان ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ جىلى، ۋاڭ يۇڭفېي، جەزىرە نىسىپبەك، ئىختىيارىي مۇخبىرلار جاڭ شىنمېي، شىڭ جىڭ، ۋاڭ چيەنشى)**